# ئەسلىي مەقسەت ـ بۇرچنى ئۇنتۇماي، دەۋر دولقۇنىدا مەڭگۈ مەزمۇت تۇرۇش

## —— جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 98 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى خۇاڭ شياۋشى، جۇ جىچېي، ۋاڭ چى

جۇڭگو خەلقىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنى گۈللەندۈرۈش!

ئادەتتىن تاشقىرى ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى كىچىكلىكتىن زورىيىشقا، زورىيىشتىن قۇدرەت تېپىشقا يېتەكلەپ، «يەر شارىدىكى ئەڭ چوڭ سىياسىي مۆجىزە»نى ياراتتى، تېخىمۇ مۇھىمى، بۇ سىياسىي پارتىيەنى بىر دۆلەتنىڭ ئارزۇسى، بىر مىللەتنىڭ ئىنتىلىشى، مىليونلىغان خەلقنىڭ ئۈمىدى بىلەن زىچ بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان تەرەققىيات سەھىپىسىنى پۈتتى.

ئوتتۇرا ئېقىمدا تۈۋرۈكتەك قەد كۆتۈرۈش، توغرا يولدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش قىلىش.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورنىدىن دەس تۇرۇشى، بېيىشى، قۇدرەت تېپىشىنىڭ ئاچقۇچى؛ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ روشەن خاراكتېرى ماركسىزملىق سىياسىي پارتىيەنىڭ ئەسلىي مەقسىتىنى چىڭ ساقلاش، بۇرچنى زىممىسىگە ئېلىش، مەڭگۈ كۈرەش قىلىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى؛ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەسلىي مەقسىتى ۋە بۇرچى 100 يىللىق چوڭ پارتىيەنىڭ كەلگۈسىگە يۈزلىنىش، خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇش، دولقۇندا مەڭگۈ مەزمۇت تۇرۇشىنىڭ تۈگىمەس ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى.

پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 98 يىللىقى يېتىپ كېلىش ئالدىدا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى پەيتىدە، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشنىڭ ئاچقۇچلۇق باسقۇچىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ 15 ـ قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشىدە مۇنداق تەكىتلىدى: پۈتۈن پارتىيەدىكىلەر جەزمەن باشتىن ـ ئاخىر ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، يېڭى دەۋردە پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى كېرەك.

جۇڭگونىڭ غايەت زور پاراخوتى گۈللىنىش قىرغىقىغا قاراپ ماڭغاندا، باشتىن ـ ئاخىر دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان، خەلق چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىدىغان، باتۇرلۇق بىلەن ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىدىغان، تۈرلۈك بوران ـ چاپقۇنلارنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، غەيرەت ـ شىجائەتتە ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ماركسىزملىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پارتىيە دۇنيانىڭ شەرقىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئەزالىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 90 مىليوندىن ئاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانى سىجىل پۇختا قەدەم بىلەن ئاشتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئەزالىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 90 مىليون نەپەرنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، 1949 ـ يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان چاغدىكى 4 مىليون 488 مىڭ نەپەردىن تەخمىنەن 19 ھەسسە ئاشتى. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى تەخمىنەن 3 مىليون 900 مىڭ كىشى پارتىيە تەشكىلىگە پارتىيەگە كىرىش ئىلتىماسى سۇندى. پارتىيەنىڭ ئىلغارلىقى ۋە ساپلىقىنى ساقلاش كۆزدە تۇتۇلۇپ، پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىنىڭ «كىرىش ئېغىزى ئۆتكىلى» چىڭ تۇتۇلدى، تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلدى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئومۇمىي سانىنى تەڭشەش ۋە كونترول قىلىش كۈچەيتىلدى، پارتىيە ئەزالىرى سانىنىڭ ئېشىش نىسبىتىنىڭ تەكشى، مۇقىم بولۇش ھالىتى ساقلاندى.

پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنى قۇرۇلمىسى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتى. يېڭى قان ئۈزلۈكسىز تولۇقلاندى. ھازىر بار بولغان پارتىيە ئەزالىرى ئىچىدە، %99.8ى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن پارتىيەگە كىرگەن، بۇنىڭ ئىچىدە 1978 ـ يىلى پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن پارتىيەگە كىرگەنلەر 74 مىليون 230 مىڭ نەپەر بولۇپ، %81.9نى ئىگىلەيدۇ، «80 ـ، 90 ـ يىللاردا تۇغۇلغان» پارتىيە ئەزالىرى ئومۇمىي سانىنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن ئېشىپ كەتتى. مەدەنىيەت سەۋىيەسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تېز تەرەققىي قىلىشى ۋە مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىقلارنىڭ قوبۇل قىلىنىپ پارتىيەگە كىرىشكە ئەگىشىپ، مەخسۇس كۇرس ھەم ئۇنىڭدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە پارتىيە ئەزاسى 44 مىليون 937 مىڭ نەپەرگە يېتىپ، %49.6نى ئىگىلىدى. ئايال پارتىيە ئەزالىرى، ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە ئەزالىرىنىڭ نىسبىتى ئۈزلۈكسىز ئۆرلىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئايال پارتىيە ئەزالىرى تەخمىنەن 45 ھەسسە كۆپىيىپ، 24 مىليون 665 مىڭ نەپەرگە يېتىپ، ئىگىلىگەن نىسبىتى %11.9تىن %27.2كە ئۆرلىدى؛ ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە ئەزالىرى تەخمىنەن 32 ھەسسە كۆپىيىپ، 6 مىليون 645 مىڭ نەپەرگە يېتىپ، ئىگىلىگەن نىسبىتى %2.5تىن %7.3كە ئۆرلىدى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 55 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ھەممىسىدە بەلگىلىك ساندا پارتىيە ئەزاسى بولۇپ، بەش مىللىي ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە ئەزالىرى ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نىسبىتى %35.6كە يەتتى. پارتىيەنىڭ سىنىپىي ئاساسى ۋە ئاممىۋى ئاساسى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەندى ۋە كېڭەيدى. ئىشچىلار ۋە دېھقانلار يەنىلا پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ %35.3نى ئىگىلەيدۇ، بۇ سان جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان چاغدىكىنىڭ 12 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىدا، ئىگىلىك باشقۇرۇش خادىمىدىن 9 مىليون 800 مىڭ نەپەر بار بولۇپ، %10.8نى ئىگىلەيدۇ، كەسپىي تېخنىك خادىمدىن 14 مىليون 7000 نەپەر بار بولۇپ، %15.5نى ئىگىلەيدۇ، 2018 ـ يىلى تەرەققىي قىلدۇرۇلغان 2 مىليون 55 مىڭ نەپەر پارتىيە ئەزاسى ئىچىدە، ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەتنىڭ بىرىنچى سېپىدىن كەلگەنلەر %52.6نى ئىگىلەيدۇ.

ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئۈزلۈكسىز پۇختىلاندى، مۇستەھكەملەندى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى پارتىيە ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ سانى 1949 ـ يىلدىكى 195 مىڭدىن 2018 ـ يىلدىكى 4 مىليون 610 مىڭغا كۆپىيىپ، 23 ھەسسىگە يېقىن ئېشىپ، ھەرقايسى ساھەلەرنى ئومۇميۈزلۈك قاپلىدى. نۇقتىلىق ساھەلەردىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىلدى، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ئورگان، كەسپىي ئورۇن، يېزا، مەھەللىلەرنى قاپلاش نىسبىتى %95تىن ئېشىپ كەتتى، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى كارخانىلارنى قاپلاش نىسبىتى %90.9 بولدى. يېڭىدىن گۈللەنگەن ساھەلەرنى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي جەھەتتە قاپلىشى ۋە خىزمەت جەھەتتە قاپلىشى پۇختا ئالغا سىلجىتىلدى، پۈتۈن مەملىكەتتە 1 مىليون 585 مىڭ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمدە بولمىغان كارخانىنىڭ قانۇنىي ئىگە ئورنىدا پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلدى، 265 مىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتنىڭ قانۇنىي ئىگە ئورنىدا پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلدى. ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى باشلامچىلىرى قوشۇنىنىڭ ساپاسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. 543 مىڭ نەپەر كەنت پارتىيە تەشكىلاتى شۇجىلىرى ئىچىدە، مەخسۇس كۇرس ھەم ئۇنىڭدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىدىكىلەر %20.7نى ئىگىلىدى، 45 ياش ھەم ئۇنىڭدىن تۆۋەنلەر %29.2نى ئىگىلىدى، بېيىش باشلامچىلىرى %51.2نى ئىگىلىدى؛ 101 مىڭ نەپەر مەھەللە پارتىيە تەشكىلاتى شۇجىلىرى ئىچىدە، مەخسۇس كۇرس ھەم ئۇنىڭدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىدىكىلەر %63.7نى ئىگىلىدى، 45 ياش ھەم ئۇنىڭدىن تۆۋەنلەر %45.9نى ئىگىلىدى. ئاساسىي قاتلامنىڭ ئاساسىنى كاپالەتلەندۈرۈش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. %68.3 كەنت، %89.8 مەھەللىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى پائالىيەت مەيدانى ـ سورۇنى كۆلىمى 200 كۋادرات مېتىردىن ئېشىپ، %90.7 ناھىيە، %93.1 مەھەللە ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش مەخسۇس تۈر خىراجىتىنى ئەمەلىيلەشتۈردى.

### «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىندى

# «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن پۈتۈن پارتىيەنى قوراللاندۇرۇشنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى، پارتىيەنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتىنى ساقلاشنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىدا بېكىتىلگەن نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى. بۇ يىل جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى. بۇ مۇھىم ۋاقىت تۈگۈنىدە «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ ئالاھىدە ئەھمىيىتى شۇكى، مەيلى بىز قانچىلىك يىراققا ماڭغان بولايلى، كەلگەن يولىمىزنى ئۇنتۇپ قالساق بولمايدۇ.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باش تېما تەربىيەسىنىڭ نىشان ـ تەلەپلىرىنى توغرا ئىگىلەش كېرەك. باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسىگە ئاساسەن، پارتىيە ئىچىدە ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە قارىتىلىپ، بۇ قېتىمقى باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۆزئارا باغلىنىشلىق بىر پۈتۈن گەۋدە، ئۇنى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلەپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈش كېرەك. باش تېما تەربىيەسىنىڭ نىشان ـ ۋەزىپىسى پارتىيەنىڭ يېڭى دەۋردىكى پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارغا قويغان ئىدىيە، سىياسىي، ئىستىل، ئىقتىدار، پاكلىق جەھەتتىكى ئاساسىي تەلىپىنى نامايان قىلدى.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باش تېما تەربىيەسىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ پارتكوم(پارتگۇرۇپپا)لىرى يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ھەيدەكچىلىك ۋە يېتەكچىلىك قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. تەشۋىقات، ئاممىۋى پىكىرنىڭ يېتەكلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە «ئىككى ياقلىملىق»تىن ساقلىنىش كېرەك. شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىپ، ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش كېرەك.

# ئاپتونوم رايوننىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 98 يىللىقىنى تەبرىكلەش ھەم تەقدىرلەش يىغىنى داغدۇغىلىق ئېچىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ 15 ـ قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشىدە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردە پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيەنى باشتىن ـ ئاخىر دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان، خەلق چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىدىغان، باتۇرلۇق بىلەن ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىدىغان، تۈرلۈك بوران ـ چاپقۇنلارنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، غەيرەت ـ شىجائەتتە ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ماركسىزملىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان پارتىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇش كېرەك. تەقدىرلەنگەن ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنىڭ شان ـ شەرەپنى قەدىرلەپ، مەغرۇرلۇق، ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنىپ، يەنە يېڭى تۆھپىلەرنى قوشۇشنى، يەنە ئەلا نەتىجىلەرنى يارىتىشنى ئۈمىد قىلىمەن. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ئۈلگىلەرنى ئۈلگە قىلىپ، ئىلغارلاردىن ئۆگىنىپ، ئىلغارلاردىن بولۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشى كېرەك. بىرىنچىدىن، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى كۈچەيتىپ، تىرىشىپ غايە ـ ئېتىقادنى مۇستەھكەملەشنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇش كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى باش سىياسىي ۋەزىپە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي ئىرادە بىلەن شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ قەتئىي ئېتىقادچىلىرى ۋە سادىق ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچىلىرىدىن بولۇش كېرەك. ئىككىنچىدىن، سىياسىي مەيداننى مۇستەھكەملەپ، تىرىشىپ پارتىيەگە مۇتلەق سادىق بولۇشنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇش كېرەك. ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، تىرىشىپ ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇش كېرەك. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، قانۇن قورالى، قانۇندىن پايدىلىنىش تەپەككۇرى، قانۇن ئىدارە قىلىش شەكلىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئىجتىمائىي ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ سىجىل مۇقىملىقىنى ساقلاپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ئىناق، مۇقىم مۇھىت يارىتىش كېرەك. تۆتىنچىدىن، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، تىرىشىپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇش كېرەك. يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلملىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. بەشىنچىدىن، باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، ئىش ئورنىنى سۆيۈپ، كەسپىنى قەدىرلەپ تۆھپە قوشۇشنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇش كېرەك. ئۆزىنى پارتىيەگە، دۆلەتكە بېغىشلاپ، پارتىيەگە، دۆلەتكە جاۋاب قايتۇرۇپ، تىرىشىپ ئەمەلىيەتنىڭ، خەلقنىڭ، تارىخنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئەمەلىي نەتىجىلەرنى يارىتىش كېرەك. ئالتىنچىدىن، تۈپ ئاساسىي مەقسەتنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، تىرىشىپ خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەيدىغان، بەخت يارىتىدىغان نەمۇنىچىلاردىن بولۇش كېرەك. خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، جان ـ دىلى بىلەن ئامما ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش، ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش، قىيىن ئىشلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىش ئارقىلىق ئاممىنىڭ «سىرداش»ىغا ئايلىنىش كېرەك. يەتتىنچىدىن، قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان ئىستىلنى تاۋلاپ، تىرىشىپ سىجىل ھەققىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەشنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇش كېرەك. راستچىل ـ ئەمەلىيەتچىل بولۇپ، ھەققىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، سەممىي گەپ قىلىپ، غەيرەتنى ئۇرغۇتۇپ، ئەسقاتىدىغان تەدبىر قوللىنىپ، ئەمەلىي ئىش قىلىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئەمەلىي تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، چىڭ تۇتۇپ، نەتىجە ـ ئۈنۈم يارىتىشتا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. سەككىزىنچىدىن، پاك ـ دۇرۇس بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، تىرىشىپ دۇرۇس ئىستىل، توغرا كەيپىياتنى ئەۋج ئالدۇرۇشنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇش كېرەك. باشتىن ـ ئاخىر كۆڭلىدە ئەيمىنىدىغان بولۇپ، توغرا كەيپىياتنى پۈتۈن ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرۈپ، پاك ـ دۇرۇس بولۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋەتنى ئۈزلۈكسىز قويۇقلاشتۇرۇپ، گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش، ۋەتەن ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئۇلۇغ كۈچىنى مۇجەسسەملەش كېرەك.

يىغىن «ئىنتېرناتسىيونال شېئىرى» ساداسى ئىچىدە ئاخىرلاشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، بىڭتۈەن رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، ئاپتونوم رايون(مەركەز)غا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرى، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئىشلىرى خىزمەتچىلىرى، ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋەكىللىرى قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

# ئەسلىي مەقسەت ـ بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، گۈللىنىش مۇساپىسىدە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيلى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ماركسىزمنىڭ نېمە ئۈچۈن «كارغا كېلىدىغانلىقى»، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ نېمە ئۈچۈن «ياخشى» ئىكەنلىكىنىڭ جاۋابىنى جۇڭگو زېمىنىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرگە پۈتۈپ چىقتى، مىليونلىغان خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشىغا پۈتۈپ چىقتى. بولۇپمۇ پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئالغا بېسىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرى تەرەققىياتىدىكى تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلەر ۋە ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى دەۋرگە كىرىشىگە تۈرتكە بولدى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورنىدىن دەس تۇرۇش، بېيىشتىن قۇدرەت تېپىشقىچە بولغان ئۇلۇغ ھالقىشنى كۈتۈۋالدى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت پارلاق ئىستىقبالنى كۈتۈۋالدى. بۈگۈن، جۇڭگودىن ئىبارەت شەرقتىكى قەدىمىي ھەم زامانىۋى بۇ چوڭ دۆلەت كۆتۈرەڭگۈ ـ روھلۇق قىياپەتكە كىردى، ئۆزگىرىشلەر خىلمۇخىل بولدى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولى، نەزەرىيەسى، تۈزۈمى، مەدەنىيىتى قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچنى ئۇرغۇتتى، مۆجىزىلەر جۇڭخۇا زېمىنىدا ئۈزلۈكسىز بارلىققا كەلمەكتە.

ئۆتمۈشنى ئەسلىسەك، بۇ نەقەدەر شانلىق مۇۋەپپەقىيەت ـ ھە! كەلگۈسىگە نەزەر سالساق، بۇ نەقەدەر سەلتەنەتلىك مۇساپە ـ ھە! تارىخ شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى: پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىلا جۇڭگونى قۇتقۇزالايدۇ؛ پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىلا جۇڭگونى تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ، جۇڭخۇا مىللىتىنى ئۇلۇغ گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا يېتەكلىيەلەيدۇ.

بۈگۈن بىز يېقىنقى زاماندىن بۇيانقى ئەڭ ياخشى تەرەققىيات مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىمىز، شۇنداقلا دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىگە دۇچ كېلىۋاتىمىز. بىز كۆرمىگىلى تاغ ـ دەريالارنى بېسىپ ئۆتكەن بولساقمۇ، لېكىن يەنىلا تاغ ـ داۋانلاردىن ئېشىشىمىزغا، دەريالارنى كېچىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئالدىغا قويۇلغان بۇرچ تېخىمۇ شەرەپلىك، ۋەزىپە تېخىمۇ مۈشكۈل، خىرىس تېخىمۇ كەسكىن، خىزمەت تېخىمۇ ئۇلۇغ. مۇشۇ ۋاقىتتا بىزنىڭ ئەسلىي مەقسەت ئارقىلىق جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش روھى، بۇرچ ئارقىلىق جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىش ئىرادىسى، مەڭگۈ بوشاڭلىق قىلمايدىغان روھىي ھالەت ۋە توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان كۈرەش قىلىش ھالىتى بىلەن، تۈرلۈك جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئوڭۇشسىزلىق، خەۋپ ـ خەتەر ۋە خىرىسلار ئۈستىدىن باتۇرلۇق بىلەن غالىب كېلىپ، ئۈزلۈكسىز غەلىبىدىن يېڭى غەلىبىگە قاراپ مېڭىشىمىزغا تېخىمۇ توغرا كېلىدۇ. پۈتۈن پارتىيەدە قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان سىياسىي پەزىلەتنى تاۋلاپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ ئۇلۇغ ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت.

«ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانى ھازىرقى زامان جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم، ئەڭ رېئال بۇرچى ـ مەسئۇلىيىتى، بۈگۈن، بىز «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تارىخىي گىرەلەشمە مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىمىز، بىرىنچى 100 يىللىق نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز، ئىككىنچى 100 يىللىق نىشاننىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىشىمىز كېرەك. ئىدىيە بىلەن پارتىيە قۇرۇش، نەزەرىيە بىلەن پارتىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيەدە بىر قېتىم يۈكسىلىپ، روھىي جەھەتتە بىر قېتىم تاۋلانغاندىلا، بىز ئەسلىي مەقسەت ـ بۇرچنى تېخىمۇ ياخشى ئەستە چىڭ ساقلاپ، گۈللىنىش مۇساپىسىدە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىيەلەيمىز. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن كاللىمىزنى قوراللاندۇرۇپ، ئېتىقاد ئاساسىنى مۇستەھكەملەپ، مەنىۋى كالتسىيىنى يېتەرلىك تولۇقلاپ، ئىدىيەدىن ئىبارەت بۇ رولنى چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك؛ يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ باش تەلىپىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، تىرىشىپ پارتىيەمىزنى تېخىمۇ مۇستەھكەم، كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك؛ ئاڭلىق ھالدا پارتىيەنىڭ تۈپ مەقسىتىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، پارتىيەنىڭ ئۇزاق مۇددەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك سىنىپىي ئاساسى ۋە ئاممىۋى ئۇلىنى مۇستەھكەملىشىمىز كېرەك؛ ئىنقىلابىي ئەنئەنە ۋە ئېسىل ئىستىلنى جارى قىلدۇرۇپ، خەلقنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىدا تۈزۈلگەن ئۇلۇغۋار پىلاننى قەدەممۇقەدەم گۈزەل رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك. پەقەت بىز ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئىنقىلابتا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ئۆزىمىز ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش ئارقىلىق ئۆزىمىزنى قۇدرەت تاپقۇزۇپ، ئاڭلىق ھالدا خەلق بىلەن ئوي ـ پىكىردە بىللە بولۇپ، بىللە ئىشلىسەكلا، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش قەدىمىنى ھېچنېمە توسۇپ قالالمايدۇ.

توقسان مىڭ گەز كۆكتە ئەنقا پەرۋاز قىلماقتا، يېڭى مۇساپىدە ئەسلىي مەقسەتنى چېنىقتۇرۇش كېرەك. 98 يىلنى بېسىپ ئۆتۈپ، بىز جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش يېڭى ئۇزۇن سەپىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتىمىز، پارتىيە قۇرۇلغان ۋاقىتتىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ كۈرەش قىلىش روھىنى مەڭگۈ ساقلىشىمىز، خەلققە بولغان ساپ قەلبنى مەڭگۈ ساقلىشىمىز كېرەك. بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تولۇق تەييارلىق قىلىپ، رولنى چىڭ تۇتۇپ، تولۇق غەيرەتكە كېلىپ، 1 مىليارد 400 مىليونغا يېقىن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئارزۇسى يۈكلەنگەن جۇڭخۇا ناملىق غايەت زور پاراخوتنى داۋاملىق دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلىتىپ، يەلكەن چىقىرىپ يىراققا سەپەر قىلدۇرۇپ، غەلىبىلىك ھالدا تېخىمۇ گۈزەل ئەتىگە قاراپ ھەيدەيلى.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)